# جۇڭگونىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇش ئىرادىسى، ئىقتىدارىغا خاتا ھۆكۈم قىلماسلىق كېرەك

□ جۇڭ شېڭ

ئامېرىكا تەرەپنىڭ جۇڭگودىن ئامېرىكىغا چىقىرىلىدىغان تاۋارلارنىڭ تاموژنا بېجى باج نىسبىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ئورتاق قارىشىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى دۆلەت مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈپ، يەر شارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىپ، خەلقئارا سودا ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا يۈك بولۇشى تامامەن باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرىكەت. ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئويلىمىغان يەردىن يەنە ساددىلىق بىلەن «جۇڭگو تەرەپ ئامېرىكىنىڭ تاموژنا بېجىنى ئۆستۈرۈشكە قارشى تۇرمايدۇ» دەپ خام خىيال قىلىشى ئۇلارنىڭ ۋەزىيەتكە خاتا ھۆكۈم قىلغانلىقى، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇش ئىرادىسى، ئىقتىدارىغا ئېغىر دەرىجىدە خاتا ھۆكۈم قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئامېرىكا تەرەپنىڭ كۆپ قېتىم چېكىدىن ئاشقان بېسىم ئىشلىتىشىگە قارىتا، جۇڭگو تەرەپ ئىدراكى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش پوزىتسىيەسىنى ساقلاپ، دۆلەتنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتى ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قەتئىي قوغداپ ۋە ھىمايە قىلىپ، مۇھىم، زور پرىنسىپاللىق مەسىلىلەردە قەتئىي يول قويمىدى. جۇڭگو تەرەپ ھەر قانداق ئىغۋاگەرچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، ئاخىرغىچە ھەمراھ بولۇش ئىقتىدارى بار. 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئەسلىدە ئامېرىكىدا ئىشلەپچىقىرىلغان بىر قىسىم ئىمپورت تاۋارلارغا قارىتا قوشۇپ ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجى باج نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشتىن «ئىشەنچسىز ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكى» تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى جاكارلاشقىچە، ئامېرىكىغا ئوقۇشقا چىقىش، ساياھەتكە بېرىش ئاگاھلاندۇرۇشى چىقىرىش، جۇڭگو كارخانىلىرى ئامېرىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشنى ۋاقىتلىق توختىتىشتىن يېقىندا 3 - نۆۋەتلىك قارشى تۇرۇش تەدبىرى چىقىرىشقىچە ... جۇڭگو تەرەپ دېگىنىگە ئەمەل قىلدى! ھەرقانداق ئادەمنىڭ چېكىدىن ئاشقان بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق جۇڭگونى يولسىز تەلەپلەرنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر «مەنپەئەت مونوپوللۇقى» ئارزۇسىغا جاھىللىق بىلەن يېپىشىۋېلىپ، زومىگەرلىك ئورنىغا مەپتۇن بولۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ يوللۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈشتىن يانمايۋاتىدۇ. لېكىن خۇددى ئامېرىكا كولومبىيە داشۆسىنىڭ ئىقتىساد ئىلمى پروفېسسورى جېففېرى ساكىس كۆرسەتكەندەك: «ئامېرىكىنىڭ بىر تەرەپچىلىك ھەرىكىتى دۇنيا ئىقتىسادىغا تەكرار تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەممە ئادەم بۇ خىل سىياسەت ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ، چۈنكى ئۇ يەر شارىۋى ھەمكارلىقنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك توقۇنۇشلارنىڭ خەتىرىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.» ئامېرىكا تەرەپنىڭ بىر تەرەپچىلىك ۋە زومىگەرلىك قىلمىشلىرى خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ئېغىر دەپسەندە قىلىپ، قائىدىنى ئاساس قىلغان خەلقئارا تەرتىپ ۋە كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىگە ئېغىر تەھدىت سالدى. جۇڭگو ئۈنۈملۈك قارشى تۇرۇش تەدبىرى قوللىنىشتا چىڭ تۇرىدۇ، بۇ ھەم ئۆز مەنپەئىتىنى قوغدىغانلىق ۋە ھىمايە قىلغانلىق، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى قوغدىغانلىق ۋە ھىمايە قىلغانلىقتۇر.

جۇڭگو تەرەپنىڭ مەيدانى ئىزچىل، ئېنىق: سودا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغۇچى يوق، بىز ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايمىز، ئۇرۇش قىلىشتىن قورقمايمىز، زۆرۈر بولغاندا ئۇرۇش قىلىشتىن يانمايمىز. ھەرقانداق ئادەم جۇڭگونىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇش ئىرادىسى، ئىقتىدارىغا خاتا ھۆكۈم قىلسا، داۋاملىق ئۆز بېشىمچىلىق قىلسا، جۇڭگو خەلقىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى ئالدىدا جەزمەن بەدەل تۆلەيدۇ.

**(2019 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈندىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# پارتلاتقۇچ بوغچىسىغا پىداكارلىق بىلەن ئۆزىنى ئېتىش

## قەھرىمان ۋاڭ جيېنىڭ «بىرىنچىدىن جاپادىن قورقماسلىق، ئىككىنچىدىن ئۆلۈمدىن قورقماسلىق» روھى مەڭگۈ ساقلىنىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جىنەن، 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار ۋېي شېڭياۋ، سۈن شياۋخۇي)** شەندۇڭ جىنشياڭ ناھىيەسىنىڭ ۋاڭجيې كەنتىدىكى يېشىل قارىغاي، ئارچىلار بىلەن ئورالغان بىر ھويلىدا، ئۈچ مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىكتىكى بىر ئاق رەڭلىك ئادەم ھەيكىلى سۈرلۈك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ھەيكەلنىڭ كەينىدىكى كۆرگەزمە زالىغا ھەيكەلنىڭ ئەسلىي تىپى — قەھرىمان ۋاڭ جيېنىڭ سۈرىتى، كۈندىلىك خاتىرىسى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق يادىكارلار قويۇلغان. بۇ يەر ۋاڭ جيې خاتىرە سارىيىدۇر.



ۋاڭ جيېنىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

ۋاڭ جيې، 1942 - يىلى تۇغۇلغان، شەندۇڭ جىنشياڭ ناھىيەسىدىن. 1961 - يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان. 1962 - يىلى 2 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. ئۇ لېي فېڭنى ئۈلگە قىلىپ، ئىشنى كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ قىلىپ، ھەممە يەردە ئۆزىنى ئۈلگە كۆرسىتىپ، «ۋەتەننىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنۇشنى خۇشاللىق دەپ بىلىپ»، پارتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن «بىر ئۆلۈش ئىسسىقلىق چىقىرىپ، بىر ئۆلۈش نۇر چېچىپ»، تەدرىجىي ھالدا بىر ئۇلۇغ كوممۇنىزم جەڭچىسىگە ئايلانغان. ئۇ ئۆگىنىشنى قىزغىن سۆيەتتى، 100 مىڭ خەتتىن ئارتۇق كۈندىلىك خاتىرە يازغان.

ۋاڭ جيې سەپداشلىرىغا غەمخورلۇق قىلاتتى، كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكىنى ئاسرايتتى، ئاممىغا ياردەملىشىپ ياخشى ئىش قىلغاندا ئەزەلدىن ئىسمىنى قالدۇرمايتتى. ئۇ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەيتتى، مەشىق قىلىش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، بىرىنچىدىن جاپادىن قورقماي، ئىككىنچىدىن ئۆلۈمدىن قورقماي، كۆپچىلىك تەرىپىدىن «بىكار تۇرمايدىغان ئادەم» «ھېرىپ - چارچاشنى بىلمەيدىغان ئادەم» دەپ ئاتالغاندى. ئۇ قىسىمدا ھەر يىلى مۇنەۋۋەر جەڭچى بولغان، ئىككى قېتىم شەرەپ بىلەن 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، بەنجاڭ بولغان، «نەمۇنىلىك ئىتتىپاق ئەزاسى» ۋە 1 - دەرىجىلىك تېخنىكا ماھىرى بولۇپ باھالانغان.

1965 - يىلى 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ۋاڭ جيې جياڭسۇ ئۆلكىسى پىشيەن ناھىيەسىنىڭ جاڭلوۋ گۇڭشېسىدا خەلق ئەسكەرلىرى مىنا بەنىنىڭ ھەربىي ئىشلار مەشىقىگە ياردەملەشكەن. پارتلاتقۇچ بوغچىسىدا كۈتۈلمىگەن ئەھۋال كۆرۈلۈپ پارتلاش ئالدىدا تۇرغان خەتەرلىك پەيتتە، نەق مەيداندىكى 12 خەلق ئەسكىرى ۋە خەلق قوراللىق كادىرىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن پارتلاتقۇچ بوغچىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ، 23 ياشلىق ياش ھاياتىنى تەقدىم قىلغان.

ۋاڭ جيېنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئارزۇسىغا ئاساسەن، ئۇ تۇرغان قىسىم پارتكومى ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلغان.

1965 - يىلى 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئۇ ھايات ۋاقتىدا تۇرغان بەنگە «ۋاڭ جيې بەنى» دەپ نام بەرگەن. جوۋ ئېنلەي، جۇ دې، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن.

1965 - يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى»دە «پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنقىلاب قىلىش» تېمىسىدا ۋاڭ جيېنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ئېلان قىلىنىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. ئازادلىق ئارمىيەنىڭ سابىق باش سىياسىي بۆلۈمى، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، يولداش ۋاڭ جيېدىن ئۆگىنىشكە، ئۇنىڭ بىرىنچىدىن جاپادىن قورقمايدىغان، ئىككىنچىدىن ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، پۇختا، ئەستايىدىل، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەيدىغان، ۋەتەننى سۆيىدىغان، خەلقنى سۆيىدىغان، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن ئۆگىنىشكە چاقىرغان.

قەھرىماننى ياد ئېتىش ئۈچۈن، 1968 - يىلى، ۋاڭ جيې ئۆسۈپ يېتىلگەن شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنشياڭ ناھىيەسىنىڭ خۇاگۇ كەنتىنىڭ نامى «ۋاڭجيې كەنتى»گە ئۆزگەرتىلگەن ھەم كەنتتە بىر خاتىرە سارىيى سېلىنغان.

بۈگۈنكى كۈندە، جىنشياڭ ناھىيەسىنى ئايلانسىڭىز، ۋاڭ جيې خاتىرە سارىيى، ۋاڭ جيې مەيدانى، ۋاڭ جيې ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ۋاڭ جيې پىيونېرلار ئەترىتى، ۋاڭ جيې ئۈلگە كۆرسىتىش ئىش ئورنى، «ۋاڭ جيې»چە ئىلغار شەخسلەرگىچە، ھەممە يەردە ۋاڭ جيې روھىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيسىز. جىنشياڭ ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى دۇڭ بىڭ مۇنداق دېدى: ۋاڭ جيې روھى تارىخنىڭ، شۇنداقلا دەۋرنىڭ. قەھرىماننىڭ يۇرتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جىنشياڭ ۋاڭ جيې روھىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا مېڭىشى كېرەك.

«بەھرىلىنىشتە بەسلىشىش ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ؛ تۆھپە قوشۇشتا بەسلىشىش ئادەمنى جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەيدىغان قىلىدۇ.» «مەن چوقۇم جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، خەلقنىڭ چاكىرى بولىمەن.» «بۈگۈندىن كېيىن خىزمەت جەريانىدا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقى بولسا، مەن چوقۇم كۈچۈمنىڭ بارىچە ياردەم بېرىمەن، چوقۇم باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىمەن، باشقىلارغا ياردەملىشىپ ئازراق ئىش قىلىپ بېرەلىسەملا، شۇنىڭدىن خۇشال بولىمەن، پەخىرلىنىمەن.»... قەھرىماننىڭ يۇرتىدا، ۋاڭ جيې خاتىرە سارىيىنىڭ تېمىغا ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ كۈندىلىك خاتىرە كۆچۈرۈلمىسىدىن ئىشلەنگەن ئېلانلار چاپلانغان بولۇپ، كېيىنكىلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە سۇنۇلغان.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى ئىدىقۇت رايونلۇق كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مەركىزىگە بېرىپ كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلدىم. گۇۋاھنامىنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئانام ئاغرىپ قالغاچقا، گۇۋاھنامىنى ئېلىشقا ئىزچىل بارالمىدىم.» 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ۋۇ جيەنخۇانىڭ قىزى مۇنداق دېدى: «ئىدىقۇت رايونلۇق كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مەركىزىنىڭ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، بىزنى كېلىشمىلىك ئىشىك ئالدىغىچە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. ئۇلارغا كۆپ رەھمەت!»

ھەرىكەتتى قولايسىز ياكى ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نەق مەيدانغا بارالمايدىغان ئاممىنى «ئىشىك ئالدىغىچە مۇلازىمەت» بىلەن تەمىنلەش ئاپتونوم رايونىمىز تەبىئىي بايلىق سىستېمىسىنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى جەريانىدا، ئامما ئىنكاس قىلغان كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مۇلازىمىتى جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشتە ئوتتۇرىغا قويغان تەدبىرلەرنىڭ بىرى.

«كىنىشكا بېجىرىش ئاستا بولۇش» «كۆپ قېتىم قاتراش»، ئىلگىرى ئاممىنىڭ كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش خىزمىتىگە قارىتا ئىنكاسى كۆپ، ئاغرىنىشى كۆپ بولۇش مەسىلىلىرى باش تېما تەربىيەسىدە ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتى تەرىپىدىن تۈزىتىش تىزىملىكىگە بىرمۇبىر كىرگۈزۈلۈپ، بىرمۇبىر ھەل قىلىندى. «بىز بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، بىر تەرەپتىن تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ‹تۈزىتىش›نى باشتىن - ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر ۋاڭ رۇيياۋ.

كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاشتا بەلگىلىمىگە خىلاپ ھەق ئېلىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ تىزىملاش ھەممىدە كۆزنەكنىڭ تەسىس قىلىنىشى يېتەرلىك بولماسلىق، تەسىس قىلىنىشى مۇۋاپىق بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتى خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تىزىملاش نەتىجىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش، ۋاقىتنى ئۈزارتىپ مۇلازىمەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇش، ئىش بېجىرىش كۆزنىكىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش، پاش قىلىش تېلېفون نومۇرى، پوچتا ساندۇقىنى ئېلان قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ تۈزەتتى.

«بىز يەنە كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش ئۈچۈر سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەيمىز.» ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتى تەبىئىي بايلىق ھوقۇقىنى بېكىتىپ تىزىملاش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مەركىزىنىڭ مۇدىرى دۇڭ شۇجۈن مۇنداق دېدى: «ئالاقە تورى+ كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش»، كۆچمەس مۈلۈكنى رەنگە قويۇشنى تىزىملاشنى «كۆرۈشمەي» بېجىرىش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق بېجىرىش ۋاقتىنى قىسقارتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتى يەنە ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان يەر ئېلىش تولۇقلىمىسى بېرىش مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەيدىغان مۇھىم خىزمەتنىڭ بىرى قىلىپ، پۇختا ئالغا سىلجىتتى. بىر قىسىم ناھىيە(شەھەر)لەرنىڭ يەر ئېلىش تولۇقلىمىسى بېرىش تەرتىپىنى پىششىق بىلمەسلىك، يەر ئېلىش تولۇقلىمىسىنى قەرەلىدە نەقلەشتۈرمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، بۇ نازارەت سىنىلىق كەسپىي تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىش، نەق مەيدانغا بېرىپ ئالاقىدار ماتېرىياللارنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىش، يەر ئېلىش تولۇقلىمىسىنى سۈرۈك ئىچىدە نەقلەشتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ تۈزەتتى.

# ئاپتونوم رايونىمىز يەتتە تۈرلۈك تەدبىر ئارقىلىق داۋالاش مۇلازىمىتىنى ياخشىلىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەرگە دورا يېزىپ بېرىش مۇددىتى قىسقا بولۇش، تېببىي تەكشۈرۈش - ئانالىز نەتىجىسىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلماسلىق، كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىشتا چوڭ رېتسېپ يېزىش، قالايمىقان تەكشۈرۈش قاتارلىق جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىز «داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئارا تېببىي ئانالىز نەتىجىسى ۋە تېببىي سۈرەت ئۇلترا ئاۋاز كېسەل تەكشۈرۈش ماتېرىيالى(ماتېرىيال)نى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش بەلگىلىمىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» «ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە ئۇزاق مۇددەتلىك رېتسېپ يېزىشقا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» «ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ رېتسېپ باھالاش خىزمىتىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى (ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدۇ)» «داۋالاش چوڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى قوللىنىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى خىزمەت لايىھەسى» قاتارلىق يەتتە ھۆججەتنى تۈزۈپ چىقتى.

ئاممىنىڭ داۋالىنىشدا تەكشۈرۈش تەكرار بولۇش، يۈكى زىيادە ئېغىر بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، «داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئارا تېببىي ئانالىز نەتىجىسى ۋە تېببىي سۈرەت ئۇلترا ئاۋاز كېسەل تەكشۈرۈش ماتېرىيالى(ماتېرىيال)نى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش بەلگىلىمىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تېببىي ئانالىز بويىچە تۆت چوڭ تۈردىكى 62 تۈرلۈك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تۈرى، تېببىي سۈرەت بويىچە ئىككى چوڭ تۈردىكى توققۇز تۈر، تېببىي B تىپلىق ئۇلترا ئاۋازلىق تەكشۈرۈش بويىچە ئىككى تۈردىكى سەككىز خىل ئەزا ھەممىدە كېسەل ماتېرىيالىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش تۈرى ۋە ئۆلچىمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تەڭ دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش تۈرىگە تەۋە تەكشۈرۈشلەرنى پىرىنسىپ جەھەتتە ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

«ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە ئۇزاق مۇددەتلىك رېتسېپ يېزىشقا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»تا مۇنداق كۆرسىتىلدى: دىياگنوزى ئېنىق، كېسەل ئەھۋالى مۇقىم، ئۇزاق مۇددەت دورا يېيىشكە توغرا كېلىدىغان سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكە گىرىپتار بولغانلار ئامبۇلاتورىيەدە كېسەل كۆرسەتكەندە، كېسەل ئەھۋالىغا قاراپ، بىخەتەر، مۇۋاپىق، ئۈنۈملۈك بولۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئامبۇلاتورىيە رېتسېپ مىقدارىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىشكە، ئەڭ ئۇزاق بولغاندا ئىككى ئايلىق رېتسېپ يېزىپ بېرىشكە بولىدۇ.

«ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ رېتسېپ باھالاش خىزمىتىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى (ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدۇ)»دە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: ھەر ئايدا يەككە تۈردىكى دورا ئىشلىتىش مىقدارى، سوممىسىغا قارىتا كىلىنىكىلىق بۆلۈم، دوختۇر قاتارلىقلار بويىچە ئىستاتىستىكا قىلىش ۋە ئىز قوغلاپ كۆزىتىش يولغا قويۇلۇپ، مىقدارى نورمالسىز ئاشقان ياكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان دورا تۈرى ۋە دوختۇرلارنىڭ رېتسېپى نۇقتىلىق نازارەت قىلىنىدۇ، كونترول قىلىنىدۇ ۋە باھالىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ جيەنگو تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: داۋالاش - سەھىيە ساھەسىدە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە سەل قاراش ۋە زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى قاتتىق تۈزەپ، باسقۇچلۇق نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى. كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى كۆپ تارماقلار بىرلىشىپ ھەمكارلىشىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئىش تەقسىماتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى قاتلامۇقاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسەتنى دەل جايىدا قوللىنىپ، مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىدىكى ياخشى ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلەرنى پائال خۇلاسىلەپ، نەتىجىلەرنى تەتبىقلاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

خوتەن كەچلىك بازىرى، خوتەن كەچلىك بازىرى خۇەنخۇ دۆكنى ھەر كۈنى 20 مىڭ ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋالدى. خوتەن كەچلىك بازىرىنىڭ سۈپەتلىك ماركا ئۈنۈمى شەكىللىنىپ، ساياھەتچىلەر چوقۇم كېلىدىغان جايغا ئايلانماقتا.

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، «100 ئۆي ئاپتوموبىل كوئېنلۇنىنى ساياھەت قىلىش» پائالىيىتى خوتەن شەھىرىنىڭ قۇم - توغراق ئېكولوگىيە مەنزىرە رايونىدا باشلاندى. بېيجىڭ، تيەنجىن، گۇاڭجوۋ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردىن كەلگەن ئائىلە ئاپتوموبىلى ساياھىتى ھەۋەسكارلىرى 100 دىن ئارتۇق ئۆي ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ، بىر مەيدان قۇملۇق ساياھىتىنى باشلىدى.

خوتەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، قۇملۇق ساياھەتچىلىكىدە چوڭ ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، خوتەن تەكلىماكانى ئايلىنىش راللى مۇسابىقىسىنىڭ سۈپەتلىك ماركا ئۈنۈم ئېففېكتىنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، ئالاھىدە ساياھەت، قۇملۇق ئائىلە ئاپتوموبىل ساياھىتىنى راۋاجلاندۇرغان. خوتەن شەھىرى قۇم - توغراق ئېكولوگىيە مەنزىرە رايونىنىڭ دىرېكتورى جوۋ يۈك مۇنداق تونۇشتۇردى: مەنزىرە رايونى ئۆلچەملىك كارتىڭ ئاپتوموبىلى مۇسابىقىسى يولى ياساپ، پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك كارتىڭ ئاپتوموبىلى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئارقىلىق ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىدۇ.

«مېلىڭ ياخشى بولسا، خېرىدار ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ». بۇ يىل خوتەن ۋىلايىتى ساياھەتچىلىكنى تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، جياڭسۇ، جېجياڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا ساياھەتچىلىكنى تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ساياھەت ئىتتىپاقى، چاڭجياڭ دېلتىسى ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھەمكارلىق ئىتتىپاقىنىڭ ساياھەتچىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈنۈم ئېففېكتىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ يوللۇق تەشۋىقات ئارقىلىق «مېھمانلارنى خوتەنگە كەلتۈرۈدى»، ھازىرغا قەدەر خوتەنگە كەلگەن ئۆي ئاپتوموبىل 200 دىن ئاشتى، ساياھەت كۆتۈرە ئايروپىلانى سەككىز قېتىمغا، ساياھەت مەخسۇس پويىزى 12گە يېتىپ، 5000دىن ئارتۇق ساياھەتچى خوتەنگە كەلدى.

بۇ يىل خوتەن ۋىلايىتى 5 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ھەرقايسى مەنزىرە رايونلاردا يېڭىدىن 26 ھاجەتخانا سالدى ھەم ھەرقايسى جايلاردا 13 ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى، ئۈچ خەۋەرلىشىش ئاساسىي پونكىتى، ئىككى ماي قاچىلاش پونكىتى قۇرۇپ، يېڭىدىن 1197 يۇقراۋى قونالغۇ كارىۋىتى كۆپەيتىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ تەربىيەلەش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈردى.

ئىگىلىنىشچە، خوتەن ۋىلايىتى بىۋاستە بېيجىڭ، جېڭجوۋ، شىئەن قاتارلىق شىنجاڭ سىرتىدىكى شەھەرلەرگە بارىدىغان ھەمدە ئۈرۈمچى، قەشقەر، كورلا قاتارلىق شىنجاڭ ئىچىدىكى شەھەرلەرگە بارىدىغان ھاۋا لىنىيەسىنى ئاچقان. قەشقەر - قاغىلىق - قاراقاش يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىدا قاتناش باشلىنىشى، خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولىنىڭ قۇرۇلۇشى خوتەننى تەدرىجىي ھالدا «ئەڭ چەت جاي»دىن شىنجاڭغا كىرىپ - چىقىدىغان مۇھىم يولغا ئايلاندۇرغان.

«كۆز، قىش پەسلى قۇملۇق ساياھىتىنى راۋاجلاندۇرىدىغان پايدىلىق ۋاقىت، خوتەن پەيتىنى تۇتۇپ، قاتناشنىڭ قولايلىقلىقىغا تايىنىپ، ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئىككى جاينىڭ ھەمكارلىقى ئارقىلىق كۆز، قىش پەسىللىك خوتەن ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ» دېدى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جوۋ نىڭۋېن.